## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# جاراڭلىق دەۋر مېلودىيەسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭ سالمىقى زور، كۆلىمى كەڭ، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، تەسىرى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە، مىسلىسىز بولۇپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تارىخىدا جۇڭگو مۆجىزىسىنى ياراتتى.

ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا بىرىنمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەر دائىم ئويلاپ تۇرىدىغان ئىش. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلغاندىن بۇيان، باش شۇجى قار ـ شۇرغانغا قارىماي، تومۇز ئىسسىققا قارىماي، پاتقاق كېچىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ھالقىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 14 مەركەزلىك تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايونلارغا باردى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېبېي فۇپىڭ ناھىيەسىنىڭ لوتۇۋەن كەنتى ۋە گۇجياتەي كەنتى، گەنسۇ ۋېيۈەن ناھىيەسىنىڭ يۈەنگۇدۇي كەنتى، خۇنەن فېڭخۇاڭ ناھىيەسىنىڭ چياڭپۇتاڭ كەنتى، خۇنەن خۇايۈەن ناھىيەسىنىڭ شىبادۇڭ كەنتى، خېنەن لەنكاۋ ناھىيەسىنىڭ جاڭجۇاڭ كەنتى، جياڭشى جىڭگاڭشەن شەھىرىنىڭ شېڭشەن كەنتى، ئەنخۇي جىنجەي ناھىيەسىنىڭ داۋەن كەنتى، نىڭشيا جىڭيۈەن ناھىيەسىنىڭ ياڭلىڭ كەنتى، نىڭشيا يۇڭنىڭ ناھىيەسىنىڭ يۈەنلۇڭ كەنتى، چىڭخەي گولمۇد شەھىرىنىڭ چاڭجياڭيۈەن كەنتى، چىڭخەي خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ بەنيەن كەنتى، خېبېي جاڭبېي ناھىيەسىنىڭ دېشېڭ كەنتى، سەنشى كېلەن ناھىيەسىنىڭ جاۋجياۋا كەنتى ۋە سۇڭجياگوۋ كەنتى، سىچۈەن جاۋجۆ ناھىيەسىنىڭ سەنخې كەنتى ۋە خوپۇ كەنتى، چۇڭچىڭ شىجۇ تۇجيازۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ خۇاشى كەنتى، جياڭشى يۈدۇ ناھىيەسىنىڭ تەنتۇ كەنتى، ئىچكى موڭغۇل قاراچىن خوشۇنىنىڭ مائەنشەن كەنتى، خېنەن گۇاڭشەن ناھىيەسىنىڭ دۇڭيۈ كەنتى، يۈننەن تېڭچۇڭ شەھىرىنىڭ سەنجياسۇن جۇڭجەي سىمولاۋازۇ كەنتى، شەنشى جاشۈي ناھىيەسىنىڭ جىنمى كەنتى، نىڭشيا ۋۇجۇڭ شەھىرىنىڭ خۇڭدې كەنتى قاتارلىق 24 نامرات كەنتكە چوڭقۇر چۆكۈپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ قىزغىن قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

باش شۇجىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشىدە، بۇ نامرات كەنتلەر تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا تارىخىي ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىلدا، ئۇلار يەنە تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىشتەك كۆرەش قىزغىنلىقى ۋە تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلغان ھەربىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسى خۇددى گۇرۇپپا ـ گۇرۇپپا جاراڭلىق دەۋر نوتىلىرىدەك داھىي بىلەن خەلقنىڭ قەلبداشلىقىنى، گۈللىنىش يولىدىكى ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ياڭراق مەدھىيە ناخشىسىنى پۈتتى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق ھەقىقىي قەھرىمان، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ يوشۇرۇنغان، پەقەت پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامرات رايونلاردىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىجادىي ھاياتىي كۈچىنى تولۇق قوزغاتقاندىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشنى چوقۇم تاماملىغىلى بولىدۇ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش نىشانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلىدى. يولداش شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلدى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، كۆپ قېتىم رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق ۋە تەستىقىي يوليورۇقلارنى بەردى. ئىنتايىن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرۈشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. «شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئالاقىدار مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# «بۇلۇت» كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇپ كەلگۈسىگە يۈزلەندۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كارتون فىلىملىرىگە تۈس بېرىش ئىختىساسلىقلىرىنى ئەمەلىي مەشقلەندۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، ئۇدا ئىككى يىل ئەمەلىي مەشقلەندۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

ھازىرغا قەدەر، تۈس بېرىش بازىسىدىكى تۈس بەرگۈچى توپلاشتۇرۇلغان ئۈسكۈنە 5000دىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يەككە ھالەتتىكى ئەڭ چوڭ تۈس بېرىش بازىسىغا ئايلاندى، مۆلچەرلىنىشچە بۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قاراماي تۈس بېرىش بازىسىدىكى تۈس بەرگۈچى توپلاشتۇرۇلغان ئۈسكۈنە تورىنىڭ تۈگۈن نۇقتىسى 8000دىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تۈس بېرىش بازىسىغا ئايلىنىدىكەن.

«تۈس بېرىش بۇلۇتى»، قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىدىكى «بۇلۇت دېڭىزى» ئىچىدىكى پەقەت «بىر پارچىسى». سانلىق مەلۇمات يۈكلەنگەن پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار، نۇرغۇن كەسپلەرنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشىدىكى كاتالىزاتورىغا ئايلانماقتا.

شىنجاڭ چىسبېخۇا ئۇچۇر پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپى بويىچە يۇمشاق ماتېرىيال ئېچىش، زاكاز قىلىش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان ھەممىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۇلۇت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانا بولۇپ، 2017 ـ يىلى باغچە رايونىغا ماكانلاشقان. شۇ يىلى، شىركەت قەغەزسىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى، گۆش مەھسۇلاتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىنى تورغا چىقاردى ھەم پۈتۈن شىنجاڭدا قوللىنىشنى كېڭەيتتى.

«قارامايدا، تاللا بازارلىرىغا بېرىپ گۆش سېتىۋېلىشتا، ئىككىلىك كودى بار گۆش مەھسۇلاتلىرى چوقۇم ئىستېمالچىلارنىڭ ئالدىدىن تاللىشى بولىدۇ.» شىنجاڭ چىسبېخۇا ئۇچۇر پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى تاۋ تاۋ مۇنداق دېدى: «بۇ ئىككىلىك كود بىز تەتقىق قىلىپ ئاچقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى بولۇپ، ئىستېمالچىلار ‹سىكانېر›لىسىلا، گۆش مەھسۇلاتلىرىنىڭ بېقىلىش، سويۇلۇش، پىششىقلىنىش، ساقلىنىش، سېتىلىش قاتارلىق پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ئۇچۇرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرەلەيدۇ، يېگەندە تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ».

يۇقۇم مەزگىلىدە، تاۋ تاۋ كوللېكتىپى قەغەزسىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، گۆش مەھسۇلاتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىنى قۇرۇپ، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى ئەمەلىي قوللىنىشچان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، يەنە يۇقۇمدىن كېيىن چارۋىچىلىق ساھەسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى ئاساس سالدى.

كېيىنكى قەدەمدە، بۇ شىركەت يەنە چوڭ سانلىق مەلۇمات ۋە سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ چارۋىچىلىق ساھەسىدە قوللىنىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىپ، «چارۋىچىلىق بۇلۇتى»نىڭ چەكسىز يوشۇرۇن كۈچىنى سىجىل ئاچىدۇ.

نۆۋەتتە، قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خۇاۋېي بۇلۇت مۇلازىمەت سانلىق مەلۇمات مەركىزى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى سانلىق مەلۇمات مەركىزى (قاراماي)، جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى (شىنجاڭ) سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات مەركەزلىرى قۇرۇلدى ھەم كەينى ـ كەينىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، لايىھەدىكى كۆلىمى 20 مىڭ ئاپپارات ئىشكاپى بولۇپ، پۈتكەن كۆلىمى 9000 ئاپپارات ئىشكاپىغا يېتىپ، سانلىق مەلۇمات مەركىزىنىڭ كۆلىمى ۋە ئىقتىدارى غەربىي شىمال بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى شەھەرلەرنى بۇلۇت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى. باغچە رايونىغا 80دىن ئارتۇق كەسپىي كارخانا (تۈر) توپلاشقان بولۇپ، كەسپلەرنىڭ توپلىنىش ئېففېكتى كۆنسېرى گەۋدىلەندى.

«بۇلۇت»قا چىقىپ يۇقىرى ئۆرلىگەندە، كەلگۈسىدىن ئۈمىد بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، باغچە رايونى يەنە ئۇل ئەسلىھە ۋە يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھە سېلىنمىسى ۋە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق زورايتىپ، كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كېڭەيتىدۇ؛ بۇلۇت ھېسابلاش چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزىنى داۋاملىق زورايتىپ، كۈچەيتىپ، سانائەت ئالاقە تورى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، 5G ئاساسىي پونكىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ.

# يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، ساياھەت يۇغۇرۇلۇپ، كەنت گۈزەللەشتى، كىشىلەر بەختكە چۆمدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۇچا ئىبرىق كەنتى رايون ئورنى ئەۋزەللىكى، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىدەك رېئاللىققا قارىتا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تەدبىر قوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يادرولۇق بولغىنى خاس كەسپلەرنى يېتىشتۈرۈش بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، كۆكتات تېرىقچىلىقى، كالا ـ قوي بورداقچىلىقى، خاس باغ ـ ئورمانچىلىق قاتارلىق خەلقنى بېيىتىدىغان كەسپلەر تەرەققىي قىلىپ زورىيىۋاتىدۇ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىنىڭ قىياپىتى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، كۇچا ئىبرىق كەنتى يېزا ـ كەنت ساياھىتى تەرەققىياتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن رايون ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەت مەنزىرە بەلبېغى بەرپا قىلىپ، زامانىۋى ساغلاملىق ـ كۆڭۈل ئېچىش ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ئېكىسكۇرسىيە ساياھىتى، ئىستىراھەت ساياھىتى، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كەسپى بىر گەۋدىلەشكەن يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، ساياھەت يۇغۇرۇلغان يېڭى ئەندىزىنى بەرپا قىلدى.

كۇچا ئىبرىق كەنتىدە، ئۆزگىچە خاس كەسپلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەكتە، بۇ ھەم يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش، كەنتنى گۈزەللەشتۈرۈش، خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ پايدا نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

**مۇھىتنى تۈزەش گۈزەل مەنزىرە لىنىيەسىنى بارلىققا كەلتۈردى**

كەچ كۈزدىكى كۇچا ئىبرىق كەنتىدە سەيلە قىلغاندا، سېمونت يوللار تۈپتۈز، پاكىز ئىدى، ئۆيلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈزۈم بارىڭىدا ئۈزۈملەر سانجاق ـ سانجاق ئىدى.

«ئىلگىرى كەنتىمىزنىڭ مەينەت، قالايمىقان، ناچار دېگەن نامى تارقالغانىدى.» ئىلگىرىكى ئەھۋالنى تىلغا ئالغاندا سەدىردىن توختىماي بېشىنى چايقىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئون كىلومېتىرلىق ئۈزۈم كارىدورى ياسىلىپ، كەنت ئۈزۈم كارىدورى بىلەن بېزىلىپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى كەنتكە ئايلاندى. بۇ يەردە، گۈزەل يېزا ـ كەنتنىڭ سەھرا پۇرىقىنى ھېس قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى پۇقراۋى قونالغۇدىن تارقالغان «ئىللىق پۇراق»نى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ھازىرقى 18 پۇقراۋى قونالغۇ ئاساسىدا، كەنت يەنە بىكار تۇرغان ئۆيلەردىن پايدىلىنىپ پۇقراۋى قونالغۇنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ يىلدا 100 يۈرۈشتىن ئارتۇق ئاممىۋى ئىستېمالغا ماس كېلىدىغان پۇقراۋى قونالغۇ بەرپا قىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىردى، ئىدىيەۋى قارىشى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىشەنچى يەنىمۇ كۈچەيدى، 2019 ـ يىلى بۇ كەنت «لوپ ناھىيەسىدىكى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بويىچە ئۈلگىلىك كەنت» بولۇپ باھالاندى، 2020 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە 2 ـ تۈركۈمدە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

**مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى**

بۇلتۇر داشۆگە ئۆتكەن كۇچا ئىبرىق كەنتىدىكى زۇلنۇر روزىمەمەت بېيجىڭ چەت ئەل تىلى داشۆسىنىڭ دەرسخانىسىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بەختىمگە يارىشا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمى بولغاچقا مېنىڭ بۈگۈنۈم بار بولدى، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەن چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىمەن!»

بۇ يىل، كۇچا ئىبرىق كەنتىدىن يەنە ئالتە بالا كۆڭۈلدىكى داشۆگە ئۆتتى. «ھازىر، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى كىمنىڭ بالىسى ئۆگىنىشتە ياخشى دەپ ئۆزئارا بەسلىشىدىغان بولدى، بالىلىرىنىڭ داشۆگە ئۆتۈشى كەنت ئاھالىلىرى ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالدى» دېدى كۇچا ئىبرىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمەتجان قاسىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۇچا ئىبرىق كەنتى دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەدەنىيەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، دېھقانلارنى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، كۆپ تەرەپتىن تۈرتۈش قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ساپاسى ۋە يېزا ئىستىلى مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەنىۋى ـ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، كۆڭلىنى تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدۇردى.

كەنت 60 كىشىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەشكىللەپ قۇردى، ئەرلەر، ئاياللار، ياشانغانلار، ياشلار بەس ـ بەستە تىزىمغا ئالدۇرۇپ قاتناشتى. ھازىر، كەنتتە ھەر ۋاقىت لەرزان ئۇسسۇلنى كۆرگىلى بولىدۇ، تەسىرلىك ناخشىلارنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. كۈچەپ بەرپا قىلىنغان «رەڭدار بازار» ۋاڭخۇڭ مەنزىرە رايونى كەنتنىڭ مەدەنىيەت كەيپىياتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن بۇ يەرگە كېلىپ سۈرەت تارتىپ تەشۋىق قىلدى، «رەڭدار بازار» لوپ ناھىيەسىنىڭ ۋاڭخۇڭ داكا جايىغا ئايلاندى.

«جۇشقۇن روھنى مەدەنىيەتكە تايىنىپ كۈچلەندۈرۈش، مەدەنىيەتكە تايىنىپ تاۋلاش ۋە ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك!» زىيارەت داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىن كۇچا ئىبرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى خەن جيەنپىڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىمىز.